«ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىنىدۇ

# خۇبېي ئۆلكىسىدە يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرگەندە قىلىنغان مۇھىم سۆز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: خۇبېي ۋە ۋۇخەن بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشىدىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى ۋە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان جاي. جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، خۇبېي ۋە ۋۇخەننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدە ئاكتىپ ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ئۆزگىرىشى كۆرۈلۈپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك مۇھىم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، لېكىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىپىسى يەنىلا مۈشكۈل، ئېغىر. قانچىكى مۇشۇنداق ۋاقىتتا، كاللىنى شۇنچە سەگەك تۇتۇپ، شۇنچە باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، شۇنچە غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، ئىشتا نەتىجە قازىنىشقا ماھىر بولۇپ، داۋاملىق تۈردە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ھازىرقى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش ۋە ئەڭ مۇھىم خىزمەت بىلىپ، بىخۇدلۇق قىلماي، جەڭدىن بىزار بولماي، بوشىشىپ قالماي، قىلچە بوشاشماي تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، خۇبېينى قوغداش جېڭى، ۋۇخەننى قوغداش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، باشتىن ـ ئاخىر خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، خۇبېي ۋە ۋۇخەننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى نۇقتىلىق قوللاپ، ئەڭ ئومۇميۈزلۈك، ئەڭ قاتتىق، ئەڭ ئۈزۈل ـ كېسىل ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىش، يامراش ۋەزىيىتىنى قەتئىي توستى. خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى، مەركەز ۋە دۆلەتنىڭ مىنىستىرلىقى ـ كومىتېتلىرى، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر زور كۈچ بىلەن ھەمدەم بولۇپ، تېز سۈرئەتتە جىددىي ياردەم بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى قوزغىدى.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئۆلمىي دەل جايىدا قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەڭ زور چەكتە داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. ئەۋزەل داۋالاش بايلىقى ۋە تېخنىكا كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇپ داۋالاپ، يېڭى تىپتىكى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش تەجرىبە دورىسى، ئانتىتېلا دورىلىرى، ۋاكسىنا ۋە دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش لايىھەسى قاتارلىق پەن ـ تېخنىكا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، تەتقىق قىلىپ ئېچىلغان ۋە تاللانغان ئۈنۈملۈك دورىلارنى ئومۇملاشتۇرۇش، قوللىنىشنى تېزلىتىپ، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئەمما ئالدىنى ئېلىش ـ ئەمما تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشىنى ياخشى قىلىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى «ئالدىنى ئېلىش»تا. خەلق ئاممىسىغا يېقىندىن تايىنىپ، خەلق ئاممىسىنى تولۇق قوزغىتىپ، ئاممىنىڭ ئۆزىگە مۇلازىمەت قىلىش، ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. كىرىپ چىققان خادىملارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تارقىلىشچان كېسەل ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئىچكى جەھەتتە كېڭىيىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تاشقى جەھەتتە سىرتتا تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتەك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىستراتېگىيەسىنى ساقلاش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ساغلاملىقنى باشقۇرۇش، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، «نۇقتىدىن نۇقتىغا بولۇش، بىر بېكەت شەكلى» چارىسىنى قوللىنىپ، ئىشلەمچىلەرنى ئىش ئورنىغا مەركەزلىك دەل جايىدا، بىخەتەر قايتۇرۇش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: كۈچى ئاجىز رايونلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، داۋالاش كۈچى ئاجىز شەھەر، ئوبلاستلارنى قوللاش سالمىقىنى زورايتىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك مۇتەخەسسىسلەر ئۆمەكلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، سەييارە دىياگنوز قويۇش، داۋالاش، يىراق مۇساپىلىك بىرلەشمە دىياگنوز قويۇش قاتارلىق ئۈنۈملۈك ئۇسۇللار ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش بايلىقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. يېزىلارنىڭ داۋالاش ـ سەھىيە شارائىتىنى ياخشىلاپ، يېزىلاردىكى تېببىي خادىملار ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، زۆرۈر مۇداپىئە ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى ياخشى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. خەلق تۇرمۇشى مۇقىم بولسا، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى مۇقىم بولىدۇ، جەمئىيەت مۇقىم بولىدۇ. ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى تولۇق ئويلىشىپ، گۈرۈچ، ئۇن، ياغ، گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم، سۈت قاتارلىق زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پىسخىكىلىق يېتەكلەش ۋە پىسخىكىلىق ئارىلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش جەريانىدا كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ يۈرۈشۈش تەرتىپىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. بۇ قېتىمقى يۇقۇم قىسقا مۇددەت ئىچىدە خۇبېينىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ، لېكىن ئىقتىسادنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش، ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىشتەك ئاساسىي ئەھۋالىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ئالدىنقى شەرتىدە، پەرقلىق تاكتىكا قوللىنىپ، رايونغا ئايرىپ، دەرىجىگە ئايرىپ، تۈرگە ئايرىپ، ۋاقىتقا ئايرىپ، شارائىتى بارلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ۋاقتىدا قوزغىتىش كېرەك. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگىنىدىكى ھەرقايسى مىنىستىرلىق ـ كومىتېتلار خۇبېينى قوللاش سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىپ، خۇبېينىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقى ۋە كونكرېت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، بالدۇرراق ئومۇميۈزلۈك نورمال يولغا كىرىشكە ياردەم بېرىشى كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش كېرەك. بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىغا بولغان بىر قېتىملىق چوڭ سىناق بولۇپ، ھەم تەجرىبە بار، ھەم ساۋاقمۇ بار. كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدىكى كەمتۈكلۈك ۋە ئاجىز تۈرلەرنى تولۇقلاشنى تېزلىتىپ، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تۈزۈم مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. ئاممىۋى سەھىيە جىددىي تاقابىل تۇرۇش، باشقۇرۇش سىستېمىسىنى كۈچەپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تاسادىپىي ئېغىر، زور ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. شەھەر ـ يېزا ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى كۈچەپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «تولۇق دەۋرىيلىك باشقۇرۇش» ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، پەۋقۇلئاددە چوڭ شەھەرلەرنىڭ زامانىۋى ئىدارە قىلىش يېڭى يولى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدىنىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيەمىز ئىچكى ئېنىسىزلىك، تاشقى پاراكەندىچىلىك ئىچىدە دۇنياغا كەلگەن، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقلار ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش داۋامىدا قۇدرەت تاپقان. كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، غەلىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلىش جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ روشەن سىياسىي خىسلىتى، شۇنداقلا بىزنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىمىز. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، سىناققا بەرداشلىق بېرىپ، بۇ مەيدان چوڭ سىناقتا مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش جاسارىتى، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئەقىل ـ پاراستى، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئەڭ ئېتىبار بېرىش تەدبىرى، تەشكىللەپ يولغا قويۇش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا چارە ـ تەدبىرلىك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى لى كېچياڭ تەستىق سېلىپ، يارىلانغانلارنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇپ، تاغدىكى ئوتنى ئۆلمىي، ئۈنۈملۈك ئۆچۈرۈپ، تالاپەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى مۇۋاپىق ياخشى ئىشلەپ، ئوت كەتكەن جاينىڭ ئەتراپىدىكى نۇقتىلىق ئورۇن، سورۇن ۋە ئەسلىھەلەرنى ياخشى قوغداشنى تەلەپ قىلدى. يېقىنقى مەزگىلدىكى كۆپ قېتىملىق ئورمان ئوت ئاپىتى ۋە خادىملار ئۆلۈپ كېتىش ـ يارىلىنىشتەك ساۋاقلارنى چوڭقۇر يەكۈنلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەرقايسى تەرەپلەر، ھەرقايسى ھالقىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، يوشۇرۇن خەۋپلەرنى چوڭقۇر رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، كۆزىتىش، سىگنال بېرىشنى كۈچەيتىپ، ئېغىر، پەۋقۇلئاددە زور ئورمان ئوت ئاپىتىنىڭ يۈزبېرىشىنى قەتئىي توسۇش كېرەك.

شى جىنپىڭنىڭ يولیورۇقى ۋە لى كېچياڭنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش مىنىستىرلىقى خىزمەت گۇرۇپپىسىنى نەق مەيدانغا بېرىپ يېتەكچىلىك قىلىشقا دەرھال ئەۋەتتى، ھەم دۆلەت ئورمان ئوت مۇداپىئەسى ۋە ئوت ئۆچۈرۈش، قۇتقۇزۇش ئەترىتىنى ياردەم بېرىشكە جىددىي كۆپەيتىپ ئەۋەتتى. سىچۈەن ئۆلكىسى، لياڭشەن ئوبلاستى كۈچ تەشكىللەپ ئوت ئۆچۈرۈپ، يېقىن ئەتراپتىكى ئاممىنى جىددىي يۆتكىمەكتە ھەم ئەتراپتىكى مەكتەپ، ماي قاچىلاش پونكىتى قاتارلىق نۇقتىلىق سورۇن ۋە ئورۇنلاردا قوغداش تەدبىرى قوللانماقتا. نۆۋەتتە، ئوت ئۆچۈرۈش، قۇتقۇزۇش، يارىلانغانلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش، خادىملارنى تارقاقلاشتۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەر ئىشلەنمەكتە.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ «مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» «يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش نىزامى»نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللاندى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2020 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوتىنى تەڭشەش لايىھەسىنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللاندى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىيەت قۇرۇلۇشى كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياسىتى قاراپ چىقىشقا تاپشۇرغان ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنى قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللاندى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش ئىشلىرى ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللاندى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ دائىملىشىشنى ساقلاش بىلەن بىللە، پۈتۈن يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى پۇختا، تولۇق ئادا قىلىپ، ئاخىرغىچە كۈچەپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ياخشى تۇتۇپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشىنى ساقلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يېڭى دەۋردە ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى فۇنكسىيەلىك ئىقتىدارىنى قەتئىي ياخشى ئادا قىلىش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى بىرىكمە كۈچنى كۈچەيتىش؛ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، پائال ھەقىقىي تەكلىپ بېرىش، ئەمەلىي تەدبىر كۆرسىتىش، ياخشى تەدبىر كۆرسىتىشكە يېتەكلەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا پائال ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىش، تەشكىللەش؛ يەرلىك نىزام چىقىرىش نۇقتىسىدىن تۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك تۈزۈم ـ مېخانىزمنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋە يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى قانۇنچىللىق تىرەكى بىلەن تەمىنلەش؛ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، نازارەتچىلىك قىلىش ـ يېتەكچىلىك قىلىش مەسئۇلىيىتى ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش خىزمەت ۋەزىپىسىنى قەتئىي ياخشى تاماملاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: باشتىن ـ ئاخىر دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، باش نىشانى زىچ چۆرىدەپ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى پىلانلاپ، قانات يايدۇرۇپ، ئالغا سىلجىتىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىدىغان، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان روھ بىلەن، دائىمىي كومىتېتنىڭ بۇ يىللىق تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ياخشى تاماملاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننىڭ ئومۇميۈزلۈك تاماملىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خېيلۇن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۈخمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۈ يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چۈجېيۇ، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى باھارگۈل سەمەت، ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى لى يۈڭجۈن، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتارلىقلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ناھىيە بازىرىدىكى ئۆيى بۇ جايدىن بەش كىلومېتىرلا يىراق بولسىمۇ، بىراق 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن ھازىرغىچە، ئۇ بىر كۈنمۇ قايتىپ باقمىدى.

«يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنىڭ سەل پەسىيىشىگە ئەگىشىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى باشلىنىپ كەتتى، نامراتلارنى يۆلەش سېخىدا ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مېۋىلىك دەرەخلەرنى چاتاش، نامرات ئاھالىلەرنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشى دېگەندەك بۇ خىزمەتلەرنىڭ بىرىنىمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، ئۆيگە بارىدىغانغا نەدىمۇ ۋاقىت بولسۇن؟» ئۇ مۇخبىرلارغا جىياڭشىدا داشۆدە ئوقۇۋاتقان ئوغلىنىڭ قايتىپ كەلگىنىگە ئىككى ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ، پەقەت كەنتتە ئىككى قېتىملا كۆرۈشكەنلىكىنى ئېيتتى.

باش گۇرا كەنتىدە جەمئىي 1626 ئادەم بولۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، جۇڭ شىن مۇنداق دېدى: كۆپ تۈرلۈك نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىنىڭ ياردىمىدە، كەنتتە نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغان بىرلا ئائىلە قالغان بولسىمۇ، ئەمما نامراتلىنىش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش خەۋپ ـ خەتىرى بولغان يەنە 39 ئائىلە بار، يەنىلا بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ.

مۇخبىرلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون ناھىيەدە زىيارەت قىلىش ئارقىلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى قىلىش بىلەن بىللە، ھەرقايسى جايلاردىكى نامراتلارنى يۆلەش كارخانىلىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى، كۆپ ساندىكى نامرات ئاھالىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىش ئورنىغا قايتقانلىقىنى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ئىگىلىدى.

### «نامراتنىڭ نامرتى، قىيىننىڭ قىيىنى» ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش

جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئادەم كۆپ، يەر ئاز، سانائەت ئاساسى ئاجىز، نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىلەرنىڭ قايتا نامراتلىشىپ كەتمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شەرقىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر 50 مىڭ ئىش ئورنى «چىقىرىپ»، خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى نامرات ئاھالىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىشلەتتى.

پويىز ئاستا ـ ئاستا توختىدى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەكەن ناھىيەسىدىن كەلگەن ئەنۋەر ھۆسەين ئاخىر ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى، ئۇ جۇڭگو تۆمۈريول ئەشيا ئوبوروت شىركىتى ئۈرۈمچى بېكىتىنىڭ خىزمەتچىسى بولىدۇ، بىللە كەلگەن خوتۇنىمۇ بۇ يەردىكى ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىش ئورنىدا خىزمەت قىلىدۇ.

ماھارىتى بارلار سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلدى، ئۇزاق مۇددەت يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغان، ماھارىتى كەمچىل ئاجىز ئەمگەك كۈچلىرى ئۆز جايىنىڭ خاس كەسپلەر تەرەققىياتىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. گۇما ناھىيەسى نامرات ئائىلىلەرگە ھەقسىز تارقىتىپ بېرىلگەن ئۆچكىلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ كارخانىلارنىڭ بىرتۇتاش بېقىشىغا تاپشۇردى، نامرات ئائىلىلەر بىر پۇڭمۇ چىقارماي ھەر يىلى 5000 ـ 6000 يۈەن كىرىم قىلدى. گۇما كوئېنلۇن لۇيۈەن ئۆچكە باقمىچىلىق رايونىدىكى خىزمەتچى خادىم مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: يەم ـ خەشەك تەننەرخىنى كارخانا ئۈستىگە ئالدۇ، نامرات ئائىلىلەر ھەر يىلى ئۆچكە سۈتىدىن ئايرىغان 3000 يۈەن ئەتراپىدىكى پايدىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ، تۇغۇلغان تەخەينى ئېلىپ كېتىپ ئۆزى باقسىمۇ بولىدۇ، ھەربىرىنى 2000 يۈەندىن 3000 يۈەنگىچە باھادا كارخانىغا سېتىپ بەرسىمۇ بولىدۇ، شۇ يىلى تەخەيلىمىگەن تەقدىردىمۇ، كارخانا نامرات ئائىلىلەرگە 1000 يۈەنلىك تۆۋەن چەككە كاپالەتلىك قىلىش پايدىسىنى تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. «كارخانا ئاساسلىقى سويۇش ۋە پىششىقلاشتىن پۇل تاپىدۇ، باقمىچىلىقتا دەسمايىنى ساقلاپ قالسىلا بولىدۇ، نامرات ئائىلىلەرگە ئەڭ زور دەرىجىدە پايدا ئۆتۈنۈپ بېرىلىدۇ».

كەسپلەردە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مۇمكىن بولمىغان 31 مىڭ 500 ياشانغان، ئاجىز، ئاغرىق، مېيىپ، يېتىم ـ يېسىر قاتارلىق ئالاھىدە نامرات ئاممىغا قارىتا، شىنجاڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار خادىملارنى قۇتقۇزۇش، بېقىش، ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش قاتارلىق ئۇنىۋېرسال ئىجتىمائىي كاپالەت تەدبىرلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ئۆلكە دەرىجىلىك 20 رەھبىرىي كادىرنىڭ ھەممىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون نامرات ناھىيەگە ئورۇنلىشىپ، كەنتلەرگە بېرىپ، ئائىلىلەرگە كىرىپ، ۋۇۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

### قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى ياخشى قىلىش

مۇخبىرلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون نامرات ناھىيەنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا شۇنى بايقىدىكى، ھەرقايسى ناھىيەلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ جەڭنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش بىلەن بىللە، يەنە كۈچ تەشكىللەپ نامراتلىنىش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى مۇقىم بولمىغان ئائىلىلەر، ئاسان نامراتلىشىپ كېتىدىغان نامراتلىق گىرۋىكىدىكى ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن يۇقىرى سۈپەتلىك، مۇقىم قۇتۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيەسى نامرات ئائىلىلەر، نامراتلىق گىرۋىكىدىكى ئائىلىلەرنى ھەرىكەتچان ھالەتتە كۆزىتىش، سىگنال بېرىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، دىققەتنى 5000 يۈەندىن تۆۋەن كىرىمدىكى نوپۇسقا مەركەزلەشتۈرۈپ، قىزىل، قىزغۇچ سېرىق، سېرىق، يېشىل تۆت دەرىجىلىك خەۋپ ـ خەتەردىن سىگنال بېرىشنى يولغا قويۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىلەر، نامراتلىق گىرۋىكىدىكى ئائىلىلەرنىڭ كىشى بېشى كىرىمىگە قارىتا كۆزىتىش، ئۆلچەش ئېلىپ باردى: كىشى بېشى كىرىمى 4000 يۈەندىن تۆۋەن بولغانلارغا قىزىل سىگنال بېرىلدى؛ 4000 يۈەندىن 4500 يۈەنگىچە بولغانلارغا قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك سىگنال بېرىلدى؛ 4500 يۈەندىن 5000 يۈەنگىچە بولغانلارغا سېرىق رەڭلىك سىگنال بېرىلدى؛ 5000 يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرى يېشىل رەڭلىك بولۇپ، نىسبەتەن بىخەتەر. قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىنىش خەۋپ ـ خەتىرى بايقالغاندىن كېيىن، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە كەسىپلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىن ھەل قىلىپ، ئاجىز ئەمگەك كۈچلىرى ۋە ئەمگەك كۈچى يوق ئائىلىلەرگە ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىش ئورۇنلىرىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىش، سىياسەت ئارقىلىق تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش شەكلى ئارقىلىق ياردەم بەردى، يۆلىدى.

قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ياۋا يېزىسى قىزىل بايراق كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 248 نامرات ئائىلە ئىچىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغانلىرى ساناقلىقلا قالدى. كەنتنىڭ 1 ـ شۇجىسى نەبىجان ئابدۇرېشىت مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايوننىڭ تەلىپى بويىچە، ئۆتكۈنچى مەزگىلدە ھازىر بار بولغان ياردەم بېرىش ـ يۆلەش سىياسەتلىرى ئۆزگەرمەيدۇ، نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس كادىرلىرى چېكىندۈرۈلمەيدۇ، ئالماشتۇرۇلمايدۇ، نامرات كەنتنىڭ 1 ـ شۇجىسى ۋە «ئەل ـ رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى ئالماشتۇرۇلمايدۇ، ياردەم بېرىدىغان ـ يۆلەيدىغان ئورۇنلار ۋە قوشماقلىشىپ ياردەم بېرىدىغان ـ يۆلەيدىغان كادىرلارنىڭ مۇقىم بولۇشى ساقلىنىدۇ.

2017 ـ يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭ ھەر يىلى 2 مىليارد يۈەن ئاجرىتىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش فوندى تەسىس قىلدى، نۆۋەتتە جەمئىي 8 مىليارد يۈەنگە يەتتى، مەۋجۇت بولۇش ئېھتىمالى بولغان خەۋپ ـ خەتەرگە قارىتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سەپلىمە لايىھەسى مۇددەتتىن بۇرۇن تۈزۈلدى، ھۆكۈمەت ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىش ئورۇنلىرىنى سېتىۋېلىش، باشقا كارخانىلارغا ئىش ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، 127 مىڭ 200 ئىش ئورنى تەمىنلىنىپ، تەييارلىنىپ، خەۋپ ـ خەتەر كۆرۈلگەن ھامان نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشى، كىرىمىنىڭ كېمىيىپ كەتمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىدۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئاھالىلەرنىڭ قايتا نامراتلىشىپ كەتمەسلىكىگە، يېڭى نامرات ئاھالىلەرنىڭ كۆپەيمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ كۈرەش ئىرادىسى ئۈستۈن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىن ئۈمىد بار، كوئېنلۇن تېغى ئېتىكىدە كۆمۈلۈپ قالغان مىڭ يىللىق نامراتلىق يىلتىزى پات ئارىدا پۈتۈنلەي يۇلۇپ تاشلىنىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**